مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTURE

# مىراس

4
2011

美拉斯

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2011 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 126 ـ سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى ......
......................................... ئابدۇقەييۇم مىجىت (1)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

گوستاف رەكېت يازمىلىرىدىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى
ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر بايانلار ...... گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە) (16)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئىككى مەسەل ......................... مۇھەممەد ئىمىن (27)

## يوروق يۇلتۇزلار

خەلق ئەدەبىياتىدا ئەلىشىر نەۋايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجادىيەتلەر ......
......................................... فىكرەت تۈركمەن (تۈركىيە) (31)

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ۋە ياش ئاپتورلار ... مەتسېلىم مەتقاسىم (39)
مۇھەررىرلەر دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشى كېرەك ..........
......................................... ئەنۋەر مۆمىن (64)

## دۇنيا مىراسلىرى

كوسكو قەدىمكى شەھىرى ............ مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (41)



باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئادەت قىرىماس


ئۇيغۇرلاردا تويلۇق ………………… مۇتەللىپ ئىقبال (46)
تۇرپان رايونىدىكى بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئادىتى … زۇمرەت ئالىم (76)


## ئايدىڭ كېچىلەر


بېيىتلار ………………… خاتىرىلىگۈچى: رادلوۋ (رۇسىيە) (52)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


چىن دوست ………………… توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم (58)


## دىيارىمىزدا


سېھىرلىك نىيا ………………… مەتسەيدى مەتقاسىم (66)


## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا


ئەجداد ئۆدۈمىدا ئىلغارلىق ………………… ئۆمەرجان سىدىق (71)


## «1-ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمىنى تەبرىكلەيمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نىغمەت ئابدۇرېشىت تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدىكى رەسىمنى پەرھات ئىبراھىم سىزغان

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编缉：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责人编缉：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# بېيتلار



رادلوف (رۇسىيە)

تەھرىر ئىلاۋىسى:

بېيتلار — ئۇيغۇر خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، تىلى يېنىك، ئوقۇشلۇق، ئاغزاكى تىلغا يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

تۆۋەندە بېرىلگەن بۇ بېيتلار رۇس ئالىمى رادلوف تەرىپىدىن 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىلىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن سىلاۋيان يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 1886-يىلى سان-پېتربۇرگتا نەشر قىلدۇرغان «شىمالدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، 1-بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، 4-قىسىم تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابىغا «بەيتلار» نامى بىلەن مەزكۇر كىتابنىڭ 7-بۆلىكى قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە بىزنى 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى چاغاتاي تىلى دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىشتە بەلگىلىك تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇ نۇسخىنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسەردە قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ ئەسلىي فونېتىكىلىق شەكلىنى ئۆزگەرتمەسلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، سۆزلەرنىڭ شەكلىنى ئەينەن ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. شۇنىڭدەك فونېتىكىلىق شەكلىدە پەرق كۆرۈلگەن، نۆۋەتتە كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى بىرئاز قىيىن بولغان سۆزلەر ۋە بىر قىسىم ۋاقىتلىق كىرمە سۆزلەرگە بەت ئاستىدا قىسقىچە ئىزاھات بەردۇق.

بۇ بېيتلارنىڭ ئىچىدە سادىر پالۋان ۋە نۇزۇگۇم قوشاقلىرى، شۇنىڭدەك ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىمۇ بار. بۇلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرىنى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

## بەيتلار

1

ئۆش ①بالامنى ئۆلدى دەپ،
بېشمغا سىلپتۇ لەچەك.
مەنىڭ ئۆچۈن كەلگەن ئىكەن،
بۇ يىلقى كەلگەن بۇ چېچەك②.
چوڭ كۆرەگە ③مەن بېرىپ،
ئالدىم زىبەشمگە④ يەلىم.
تۆشكەنەمگە⑤ كىرىپ قاپتۇ،
ناسىر بالام، مەمەتئەلىم.
ئۆيگە مىمانلار⑥ كەلپتۇ،
داستۇرخانلارنىڭ قېنى.
باغدا گۈللەر ئېچىلپتۇ،
قىسقىلى بالا قېنى.
بۇغدىيىمنى يايمىغان،
ئەخلەتى يوق ئۆگۈت ئىكەن.
نەچچە باللار بىر سېرى،
مەمەتئەلى يىگىت ئىكەن.
مىلتىقمنى ئېسىپ چىقىپ،
قارغا، سېندا ئوۋلۇدۇم.
خىيالىمغا كەلگەندە،
قالماق بولۇپ مەن توۋلۇدۇم.
تاقىقا چىقىپ كىك ⑦ئاتتىم،
گۆش ئالغىلى ھەمرا قېنى؟
گۆشنى يۆكلەپ ئۆيگە كەلدىم،
يەگىلى باللار قەنى؟

يوقاتىن⑧ سۇ ئاقىدۇ،
تاشتىن تاشقا شارقىراپ.
بەيىش باغلارغا يېتەر،
ئالتۇن- كۆمۈشتەك پارقىراپ.
چوڭ كۆرەنىڭ يولىدا،
جەنەستە پىشسا يەر ئىدى،
خوش خۇدانىڭ تەقدىرى،
قۇلۇنلىرىمدىن ئارىدى،
ساۋدىگەر ئۇستا ئىكەن،
شەشى توقۇپ، بۆز ئەتكەلى.
كۆك، يېشىل خىش ئېلىپ ھەر،
قەبرىسگە سۆز ئەتكەلى.

2

ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما،
پىياز يولىدا
بەرگەن قوبۇزۇڭ
جىگدە تۆبۆدە
تۆشۈپ⑨كەتتى يا،
يېنىپ بېرىپ،
تېپىپ ئالسام،
ئانام چاپاق
كۆرۈپ قاپتى يا،
نەدىن ئالدىڭ؟ دەپ،
ماڭا كەلەدۇ.
ئاكام، ئاكاما،

ئالىم ئاكاما.
دادام غالازاڭ
كۆرەگە كەتىپ،
كەلىپ قاپتى يا،
توپاقنى توقۇپ،
تەبىلغۇ⑩ ئەپ كەلىڭ! ⑪
ئېغىلغا ئەپ كىرىڭ!
ئاكام، ئاكاما.
ئالىم ئاكاما،
ئە مەمەتئەلى،
شاڭ بەگىنىڭ⑫،
ئىكى قىزى بار،
كىچىك قىزىنىڭ
ئايدەك ئۆزى بار⑬.
چولپان كۆزى بار،
چوڭ قىزىنىڭ
يانچۇغىدا
قوش قوبۇزى بار،
قوش قوبۇزىنى
قوشلاپ چالىپ،
قۇرۇتتى مەنى.
ئاق كىگىزنى
سېلىپ يېتىپ
ئۇنۇتتى مەنى؛
ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما.

---

① ئۆش ـــ ئۆچ.
② چەچەك ـــ چېچەك، يەنى بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل نامى.
③ چوڭ كۆرە ـــ يەر نامى.
④ زىبەش ـــ قىزلارنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى، ئەسلي ئىسمى «زىبىرە» بولسا كېرەك.
⑤ تۆشكەنە ـــ چۈش.
⑥ مىمان ـــ مېھمان.
⑦ كىك ـــ كېيىك:
⑧ يوقاتىن ـــ يۇقىرىدىن.
⑨ تۆشمەك ـــ چۈشمەك.
⑩ تەبىلغۇ ـــ تېۋىلغا.
⑪ ئەپ كەلمەك ـــ ئېلىپ كەلمەك.
⑫ شاڭ بېگى ـــ مەنسەپ نامى.
⑬ ئۆز- يۈز.

3

خۇماخان ئوبدان بالا.
چېچى ئاز ئىكەن،
خۇماخاننىڭ تەككەن ئەرى،
بېشى تاز ئىكەن.
خۇماخاننىڭ كەيگەن تونى،
سېرىق تابادا⑭،
هاراق ئىچكەن مەست كىشىدەك،
كۆزى خۇمادا.
خۇماخاننىڭ قوش پۆپۈگى،
يەرگە تەگەمدۇ،
يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تەگەمدۇ.
ئوخات⑮ قىلىپ يارماق تېپىڭ،
چىگەسى بىلەن!
خۇماخاننى ئاداش تۇتۇڭ،
يەڭگەسى بىلەن!
خۇماخان ئوبدان بالا.
ئۆزى تۈزۈك.
ئادىشى ئەپ بەرگەنى،
ئىكى ئۈزۈك.
خۇماخان دەپ قىشقىرىپ،
پوتامنى ئاتتىم سالما دەپ.
خۇماخان چىقىپ كەلسە،
تاقىتىغا تىزغان ئالمادەك.

**4. سادىر** (1)

ئاق بوز ئېتىم ئوبدانمۇ؟
قارا بوز ئېتىم ئوبدانمۇ؟
سادىر ئۆزى يامانمۇ؟
يول تېپىپ بەرسە ئوبدانمۇ؟
يامۇلدىن كەتكەن كۈنى،
ياتقان يەرىم يانبۇلاق،
ياراتقان پەۋەردىگار،
قاچان بەرەسەن ئۇلاق؟
يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
سادىر چىقتى تاغا.
بىزنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى پالاغا.
بەيچەڭغا چىقىپ پارساڭ،
رىن-سىن⑯ دەپ تونۇمايدۇ.
پەي-زەڭگە⑰ بۇتى دەسەم،
شەن سىنى⑱ ئۇنۇمايدۇ.
شاڭگۇڭدا⑲ قوغۇن تەرگەن،
كۆرەدىكى خېۋازا⑳،
جېنىمغا ئېسقاتتى،
سەكىز پۇللۇق پۇۋازا ㉑.

**5. سادىر** (2)

ئاتىسىن يەتىم قالغان،
يەتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھەمدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟
ھەمدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟
مەنىڭكى ئۈچ ئەگەچىم⑳بار،
قىشقىرسام توختاۋاق㉓ دەيمەن،
ئېنىڭدىن چوڭ ئەگەچىمنى،
ئېنى ھەم بەختىۋاق㉔دەيمەن.
ئۆينىڭ تۆرىدە ياتقان،
ساشقانىنى㉕ماراپ ياتقان،
كالا گۆشى تەك يەگەن،
مۈشۈكلەرىم ئامان بارمۇ؟
باش يايلاقتا يايلىغان،
ئاتلارنى بېقىپ بەرگەن،
ئادۇندايلار ئامان بارمۇ؟
ئادۇندايلار ئامان بارمۇ؟
ئەجەب ئوبدان ئىكەن ئالتاي.
ئەجەب راھەت ئىكەن ئالتاي،
بۇ يىللاردا ئامان ئامان بارمۇ؟
بۇ راھەتلىك ئالتايدا،
ئۆرۈك، ئالما ئۆزى پىشقان،
ئۆزى پىشقان ئۆرۈك، ئالما،
ياغاچ-تاشلار ئامان بارمۇ؟
هاراق-شاراب ئىچىشكەن،
شام-چىراغلار ياندۇرغان،
ئۆيلەرىم ئامان بارمۇ؟
ئۆيلەرىم ئامان بارمۇ؟
مەنىڭكى ئۈچ بالام باردۇ،
كىچىگى دانىخان ئاتلىق.
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟
سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
يامۇلدا خېتىم قالدى،
مەنىڭكى ئۈچ بالام باردۇ،
ئىلىدا يەتىم قالدى.

---

⑭ تابا — تاۋار.
⑮ ئوخات — ئوقەت.
⑯ رىن سىن — خەنزۇچە «يات-ناتونۇش» (认生)
⑰ زەڭگە — مەنسەپ نامى.
⑱ شەنسىن — خەنزۇچە «ئەپەندىم» (先生)
⑲ شاڭگۇڭ — خەنزۇچە «يىللىقچى» (长工)
⑳ خېي ۋازا — خەنزۇچە «قارا بالا» (黑娃子) دېگەن مەنىدىكى لەقەم بولسا كېرەك.
㉑ پۇۋازا — خەنزۇچە «مەسە» (皮袜子) بولسا كېرەك.
㉒ ئەگەچى — ئېگىچە، ئاچا، ھەدە.
㉓ توختاۋاق — ئەركىلەتمە ئىسىم، ئەسلىي ئىسىم شەكلى «توختىخان» ياكى «توختىگۈل» بولسا كېرەك.
㉔ بەختاۋاق — ئەركىلەتمە ئىسىم، ئەسلىي ئىسىم شەكلى «بەختىخان» ياكى «بەختىگۈل» بولسا كېرەك.
㉕ ساشقان — چاشقان.

بۇ ئالەمنىڭ بەگلەرى.
كىتاب ھۆكمەدە ئاڭلىسام ــ
قىيامەتنىڭ سەگلەرى،
بەگلەرىم ئامان بارمۇ؟

6. جېنىم خېنىم

ئىشىك ئالدىڭ قاراياغاچ،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بالتا㉖ سالسام تۆبى تاش،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بىر ياستۇقتا ئىكى باش،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئىككىلەسى قەلەم قاش،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا㉗.
ئىشىك ئالدىڭ مەيرۇنتال㉘،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
چەبەرىگە كىرسەممەن،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ھامىرامزادە پايىكا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بىر چىلىم تاماكا سال!
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى ـ سى ـ چىن ـ نا.
دەريا مۇنداق تاشارمۇ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
تېشىپ لەبدىن ئاشارمۇ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
جىنى قۇرغۇر ئاچىمبەل،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
يارىمغا يارشارمۇ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا.
مەن بولاي شاغا، نۆكەر㉙،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئەرز ئايتسام قېنىم تۆكەر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئاغزى پىستە، لەبى شېكەر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
كۆزى مەستانىغا يەتكۈر㉚،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا.
باردىم دەريا بويىغا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئولتۇردۇم سۇ ئىشكەلى،
جېنىم ـ خېنىم تۆرەممە،
شېرىن جانغا قەست قىلغان،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
شېرىن جاندىن كەتكەلى،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا،
ئىشىك ئالدىڭ شاھ سۇپا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
شاھلار كەلىپ ئوينسۇن!
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
سەپەر كەتكەن يارىمنى،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئوۋلىيالار㉛قولدىسۇن㉜!
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا،

7

دۇشمەنلەر سۆيەلمەيدۇ،
سۆيگەننى كۆرەلمەيدۇ،
قولغا پىچاق ئاپتۇ،
جان تاتلىق ئۆلەلمەيدۇ.
تاغ بېشىدا قاراغاي،
قاراغاي ئۇچىدا تورغاي،
ئەرىڭنى قۇداي㉝ئۇرغاي،
سەنى ماڭا بۇيرىغاي!
بازاردىن ئالدىم ئانار،
ئۈزۈلەرى گۈل ـ گۈل يانار،
لەبلەرىڭگە سۆيدۇرسەڭ.
ئۆلسەم ئامنىم㉞قالار.
بازاردىن ئالدىم بىچاق㉟،
دەردىنىڭ يامنى چەچەك.
مانجۇ كۆڭنەك ئىچىدە،
جولاڭ قىلدۇ ئەمچەك.

8

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئاڭا كۆيدۇ بۇ جان.
كۆڭنىگە زاخا㊱ بەرمەڭ،
مەشۇقۇم تولا ئۇبدان.

MIRAS

---

㉖ بالتا ــ پالتا.
㉗ مويا فاردى سىچىننا ــ بۇ بەلكىم خەنزۇچە «ئوينايدىغان ئىشىم بار» (我要玩的事情呢) دىگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇشى مۇمكىن:
㉘ مەيرۇنتال ــ مەجنۇنتال بولسا كېرەك.
㉙ شاغا، نۆكەر ــ ئەمەل ناملىرى.
㉚ يەتكۈر ــ يەتكۈز.
㉛ ئوۋلىيا ــ ئەۋلىيا.
㉜ قولدىماق ــ قوللىماق.
㉝ قۇداي ــ خۇدا.
㉞ ئامان ــ ئارمان.
㉟ بىچاق ــ پىچاق.
㊱ زاخا ــ ئازار.

تاغ بېشىدا ئۆيۈم بار،
قالماق بالىسىدۇرمەن.
يېڭى تۇتقان يارىمدىن،
قايداق ئايرىلاردۇرمەن.
مەنكى㊲ئىكى يارىم بار،
كۆرمەككە ھەجەب چاققان.
مەست بولۇپ يىقىلغاندا،
بېشىمدىن يۆلەپ باققان.
ئاي يارىم خىيالىڭىز
ئاجانچا㊳ بۆرۆكمۇ㊴ ؟
كېچىكلىكتە ئويناپ ئىدۇق،
ئەمدى پۇل يوقمۇ ؟
كەكەنەكنىڭ㊵بالىسى،
ئالتۇن ئۇۋادا.
يارىم مەنى تونۇمايدۇ،
ئەسكى جۇۋادا.
ئەگىز㊶تاغنىڭ كۆلەڭگۈسى،
سايىنى تالىشۇر.
ياقشى بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم،
ئوبدان يارىشۇر،
ئالتۇنىم يوق، كۈمۈشۈم يوق،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە

9

قارا يورغامنىڭ بېرىدا،
قاناتلىق ئىدىم.
تاغدا كىك ياياق بولسا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.
قارا يورغامنى ئۆلتۈرگەن،
قارا قىل ئارغامچى.
ئەگەر-توقۇم يولدا قالدى،
بەلىمدە قامچى،
توسۇن ئاتقا يۈگەن سالدىم،
مىندىم، قاربلدىم㊷.
بۇ مەنىڭ شۇم تالىيىم،
ياردىن ئاربلدىم.

10

باراي دەسەم، بارماڭ دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچى سوققان㊸بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچى سوققان يارنى،
كۆرسەتىڭ بىزگە.
ئاتا-ئانامدىن رۇخسەت ئېلىپ،
قۇل بولاي سىزگە.
هاراق دەگەن ئاچىق سۇنى،
چاغلاپ ئىچمەسمۇ ؟
ئاتلار ئورۇق، يول يىراق،
ئۇۋال ئەمەسمۇ ؟
قاشقار يولدا يۇملاق جۇۋان،
بىللە ماڭساقچۇ!
ئاتلار ئورۇق، يول يىراق،
مىنگىشىپ ئالساقچۇ!
ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
يۈك-تاق ئارتتىم يارىم.
ئوتىڭىزغا چىدامماي،
نەشە تارتتىم يارىم.
نەشە تارتىدۇ دەيدۇ،
بۇ ئەلنىڭ مالامەتى.
چىرىيىمنى سېرىق دەيدۇ،
نەشەنىڭ ئالامەتى.

11

ئۇلاق توقۇدۇق، كەتتۇق،
سارغارغان سامانلارغا.
سەنىڭدەك ياخشىنى بەرمەس،
مەنىڭدەك بىر يامانلارغا.
سەن بارساڭ بېرىپ تۇرغىن،
ئارقاڭدىن يەتىشەرمەن.
يامان ئەرىڭدىن قورقساڭ،
خالىدا تېپىشارمەن.
يارنىڭ بويى قۇرغۇيدەك،
لەبلەرى قىزىلگۈلدەك.
يار سالسا پىراقنى،
ساغاتۇ㊹سېرىق گۈلدەك.

12

قېشىڭ قارامۇ، قۇندۇز ؟
كەچە بارايمۇ، كۈندۈز ؟
كەچە بارسام سالامەت،
كۈندۈز بارسام مالامەت.
جان ئىچىدە جانان قىز،
يانغان ئوتنى ياققان قىز.
قاشلىرىڭ سەنىڭ مەربۇپ،
ئىشلەرى سۇلايمان قىز.
باققا بۇغداي تېرىسام،
بەلباققا كەلدى بۇغدىيىم.
ئۆرگەنىپ كەلگەن زاماندا،
ئارىپ㊺ ئەتتى خۇدايىم.

---

㊲ مەنكى — مېنىڭكى.
㊳ ئاجانچا — ئەسلي «ئەنجانچە» بولسا كېرەك.
㊴ بۆرۆك — بۆك.
㊵ كەكەنەك — كۆكىنەك، يەنى بىر خىل قۇش نامى.
㊶ ئەگىز — ئېگىز
㊷ قاربلماق — قايرىلماق. ئەگىلمەك.
㊸ سوقماق — ئۇرماق.
㊹ ساغاتۇ — سارغايتۇر.
㊺ ئارىماق — ئايرىماق.

چىغنى چىققا ئۆلۈسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغىدەك.
يېڭى يار كىشى تۇتسا،
سودايى(46)ئاغرىق بولغۇدەك.

13

يارنىڭ كۆڭلى لىچىندۇ(47)،
مەن ئۆزۈمنى غاز ئەتەي!
كىرپىمنى دولۋاي ئەتىپ،
تەنەمنى تەبلۋاز ئەتەي.
يارسىز ئۆمرۈم مەنىڭ.
مىڭ ياشسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتۇنىڭ ئالدىدا.
دوزاق ئۇشقۇنچا يوق.
بىگۇپا(48)بۇگۈن بارار،
تاڭنا ئۇنۇتار يارنى.
ئادەمنى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بۇرۇنقى سۆيگەن يارنى.
قارا قاشلار ئويناشۇر،
چىچى بەلگە تولغىشۇر.
چىقماڭ ئۆيدىن تاشقىرى،
ئاشقىلار بىچاقلىشۇر.

14. نوزۇك

مانجۇ كاپىر ناكەس سەن،
سىنجىر پاتتى قولۇمغا.
قويۇپ ئەتسەڭ كەتمەن،
ئۆزەم كۆرگەن يۇرتۇمغا.
مانجۇ كاپىر ناكەس سەن،
كەلمەگىن مەنىڭ قىشىمغا!
كەلسەڭ مەنىڭ قىشىمغا،
قەس قىلارمەن جىنىڭغا.
بىر ئاتىدىن ئۈش قىز ئىدۇك،
ئەڭ كىچىگى مەن ئىدىم.
ئوغۇل بولساڭ ئالىم بولغان،
توقسان كىتاب ئوقۇغان ئىدىم.
تاغدىن تۈشكەن(49)تۆرت ئاتلىق،
تۆرتىلەسى بوز ئاتلىق.
تۆرتىلەنىڭ ئىچىدە،
مەنىڭ ئاتام سۇمباتلىق.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
بۇزۇلغان ساراي.
شۇ يەردىن تۇرۇپ شەرەت قىلىڭ،
مەن قىچىپ باقاي.
ئاقىرىپ تۇراتىكەن،
ئاق مازىرىڭىز.
زارىقىپ تۇرۇپتۇ،
نوزۇك بالىڭىز.
ئاتام بىلەن ئانام مەنىڭ،
قايدىن مەنى تاپىدۇ؟
شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسەم،
قۇمدىن تاپامدۇ.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مەنىڭ ھالىمنى.
جىنىم بىلۇر، تەنىم بىلۇر،
سارغارغىنىمنى.

15

دەردىنىڭ تولسى كەتتى،
مەن ئىتىمنى ساتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقانىنى،
قىيامەتتە تارتمايمەن.
يولۇڭ مىڭنىڭ يولى بولسا،
خىيالىم سەندە تۇرمامدۇ؟
بۇ يولنىڭ يىرىقىدا،
ئىتىم ياخشى بولمامدۇ؟
يار دەسەم ئىچىلمايسەن،
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن،
خالىدا ئۆيىڭ بارمۇ؟
چىچىڭ نەمە ئۆسمەيدۇ،
ئىسسىق سۇدا يۇمايسەن.
ئىنىڭ (51)ئۇچۇن ئۆسمەيدۇ،
جولاڭ (52) قىلىپ تۇرمايسەن.
بىغىڭغا كىرىپ بارساڭ،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەب شاخلىق.
تۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
مەشۇقۇم تىلى تاتلىق.

---

(46) سودايى — سەۋدايى.
(47) لىچىن — لاچىن.
(48) بىگۇپا — بىۋاپا.
(49) تۈشمەك — چۈشمەك.

(51) ئىنىڭ — ئۇنىڭ.
(52) جولاڭ — جالا، يەنى ئاياللارنىڭ چىچىغا قوشۇپ ئۆرۈش ئۇچۇن قارا مەشۇتتىن ئىشلەنگەن يىپ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: **نىجات سوپى** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پوستدوكتورلار كۆچمە پونكىتىدىن، دوتسېنت، دوكتور)